ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 7 ـ سان

فېۋرال 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر

## سەككىز تۈرلۈك
# ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى
## ۋە شەرقىي تۈركىستان



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV

# ئىككى جاسارەتلىك ئۇيغۇر ئايال خىتاينى يەنە تىترەتتى

24 - فېۋرال خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن يېقىندا خەلقئارا تاراتقۇلاردا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش، قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلىغان ئىككى جاسارەتلىك ئۇيغۇر ئايال ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

خىتاي باياناتىدا ب ب س تورىغا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش، ئايالللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرىنى مەردانىلەرچە ئاشكارىلىغان لاگېر شاھىتى تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن خانىم بىلەن زۇمرەت داۋۇت خانىمنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىنى يالغانغا چىقىرىشقا ئۇرۇندى.

خىتاي بۇ بىچارىلەرچە ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن ئىككى جاسارەتلىك ئايال ئاشكارىلىغان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى خەلقئارادىن يوشۇرۇش، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ،ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ نومۇسسىزلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدىكى بارلىق ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇياشنى ئېتەك بىلەن يېپىشتىن باشقا ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى پەنجىرىسىدىن شەرقىي تۈركىستانغا نەزەر





*ئاپتورى: مىركامىل كاشغەرىي*

*(بۇ ماقالە تۈركىيەنىڭ ئاتاقلىق سىياسەت، ئىستراتېگىيە ۋە خەۋەر ئانالىز تەتقىقات ژۇرناللىرىدىن بىرى بولغان «خەۋەر كۈنتەرتىپ ژۇرنىلى»نىڭ 2020 –يىللىق 12 - سانىدا تۈركچە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىمۇ بالدۇرراق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى توغرا تاپتىم - ئاپتوردىن)*

21 - ئەسىردە، خەلقئارا قانۇنلار تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان سەككىز خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندا تولۇق ۋە ئوچۇق-ئاشكارا سادىر قىلىنماقتا. ئۈممەتنىڭ يېتىمى شەرقىي تۈركىستان سەزگۈر، ۋىجدانلىق خەلقئارالىق ئادۋوكاتلارنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى كۈتمەكتە.

تۈركىيەدە كىنىشكىلىق خىتاي يالاقچىسى ۋە سىياسىي لوبىسى دوغۇ پېرىنچەك، شۇنداقلا ۋەتەن پارتىيەسى گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇچۇر مالىمانچىلىقى تۈغدۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم تۈرك قېرىنداشلىرىمىز: «خىتاي ھەقىقەتەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلىۋاتامدۇ؟» دەپ سوراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى ئەڭ تۆۋەن تارىخ مەلۇماتىغا ئىگە كىشى ئۈچۈنمۇ «ئەجەبا خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانمىدى؟» دەپ سورىغاندەكلا ھاماقەتلەرچە بىر سوئال ياكى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ئىشغالىيەت بار يەردە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بولماسلىقىنى ياكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بار يەردە ئىشغالىيەتنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تارىختىن بۇيان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى گويا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە گۇمانلىنىش ياكى ئىنكاس بىلدۈرمەسلىك خۇددى رەھىمسىز ئىرقىي قىرغىنچىغا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش مۇكاپاتى بەرگەندەكلا ئاڭسىزلىقتۇر.

بىلگىنىڭىزدەك، تارىختىن بۇيان بۈيۈك مەدەنىيەت ۋە دۆلەتلەرنى قۇرغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى يېقىنقى ئۆتمۈشتە ئۇدا ئىككى قېتىم (1933 - ۋە 1944 - يىلى) «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نام بىلەن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. لېكىن بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خائىنلىقى نەتىجىسىدە خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتىن ئارىلىشىشى ۋە دىپلوماتىك ھىيلە- نەيرەڭلىرى بىلەن ئاغدۇرۇلدى. ئاخىرىدا، 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قىسىملىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە ئاتالمىش ئاپتونومىيە سالاھىيىتى بېرىش يالغانچىلىقى بىلەن ئالداپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى ئۆزگە قوشۇۋالغان ھەمدە ئىسمىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئۆزگەرتكەن ئىدى.



خەلقئارا قانۇنلاردا سىياسىي قىرغىنچىلىق، ئىجتىمائىي قىرغىنچىلىق، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق، بىيولوگىيەلىك قىرغىنچىلىق، جىسمانىي قىرغىنچىلىق، دىنىي قىرغىنچىلىق ۋە ئەخلاقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بار. ناتسىست گېرمانىيەسى سادىر قىلغان ۋە خەلقئارا قانۇنلار تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان بۇ سەككىز خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى خىتاي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا كەم قويماي، تولۇق ۋە ئاشكارا سادىر قىلماقتا.





## سىياسىي قىرغىنچىلىق

ناتسىست گېرمانىيەسى غەربىي پولشا، ئېۋپېن، لىيۇكسېمبۇرگ ۋە مورېسنېتنىڭ بىرلەشمە رايونىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىگە خاس باشقىچە ھۆكۈمەتلەرنى قۇرغان ئىدى. ئۆتمۈشتىكى دۆلەت بولۇش خاراكتېرىنى ئەسلىتىدىغان بارلىق ئىزلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ۋە سودا بەلگىلىرى، بىنالار، كوچا، مەھەللە ناملىرىنىڭ ھەممىسى نېمىسچىغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. يەرلىك مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن نورۋېگىيە ۋە گوللاندىيەدە مۇسسېرت پارتىيەسى قاتارلىق ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغان، شۇنداقلا يەرلىك ئاھالىلەردىن ئەزا بولغانلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلار بېرىلگەن ئىدى. ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى

رايونلارغا گېرمانىيە دۆلەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن خەلقنى مۇستەملىكە ۋە مۇنقەرز قىلىش يولىغا ماڭغان ئىدى. بۇ ئىشلار بولۇپمۇ غەربىي پولشادا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىدى. ئېلىپ كېلىنگەن گېرمانلار پولشالىقلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە ئۇلارغا باج كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئىمتىيازلارنى بەرگەن ئىدى. گېرمانلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى خەلقئارا قانۇندا سىياسىي قىرغىنچىلىققا مىسال سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدى.

گەرچە بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستان قانۇنىي جەھەتتىن «ئاپتونومىيەلىك رايون» دەپ قارالسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دېموكراتىك ۋەكىللىك قىلالىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق مۇھىم سىياسىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ئورگانلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى خىتايلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا. مەسىلەن: رايونلۇق ھاكىمىيەتنىڭ مەركىزى بولغان رايونلۇق پارتىيە دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 ئەزاسى بار. ئۇلارنىڭ پەقەت ئۈچى ئۇيغۇر، ئونى بولسا خىتاي.



باشقىچە ئېيتقاندا، خىتاي خەلقئارا ئاپتونومىيە ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپ شەكىلدە (ناتسىستلارغا ئوخشاش) ئۆزگىلا خاس ھاكىمىيەت قۇرغان ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى دۆلەت كىملىكىنى ئەسلىتىدىغان بارلىق ئىزلار ئۆچۈرۈلدى. (بايرىقى، ھەتتا رايوننىڭ ئىسمىمۇ چەكلەندى) شەھەر، كوچا ۋە مەھەللە ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى خىتايچىلاشتۇرۇلدى. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولغانلارغىلا ئىمتىياز بېرىلدى. ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستانغا خىتاينىڭ دۆلەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن مۇستەملىكە قىلىش ۋە مۇنقەرز قىلىش يولىنى تۇتتى. نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جەلىپ قىلارلىق تەشۋىقاتلار بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن خىتاي كۆچمەنلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۆي، خىزمەت، ئەمەل-مەنسەپلەرگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس ئىمتىيازلار بېرىلدى. خىتاينىڭ ناتسىستلارنىڭكىدىن پەرقسىز بۇ قىلمىشلىرىنى نېمىشقا خەلقئارا قانۇندا «سىياسىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولمىغۇدەك؟

## ئىجتىمائىي قىرغىنچىلىق

ئىجتىمائىي قىرغىنچىلىق ناتسىستلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايونلاردا ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ نابۇت قىلىنىشى، يەرلىك قانۇن ۋە يەرلىك سوتلارنىڭ ئورنىنى گېرمانىيە قانۇنى ۋە گېرمانىيە سوتلىرىنىڭ ئىگىلىشى، قانۇن تىلى ۋە كەسپىي تەشكىلات بولغان ئادۋوكاتلار جەمئىيەتلىرىنىڭ نېمىسچىلاشتۇرۇلىشى بىلەن سادىر قىلىندى.

ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ «قېرىنداش ئائىلە پىلانى»غا ئاساسەن خىتاي مەمۇرلىرىنى يەرلىك خەلقنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بۇ جەرياندا تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزگەرمىگەنلەرنى دوكلات قىلىپ، نازارەتكە ئالدۇرۇش قاتارلىق نەيرەڭۋازلىقلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ۋە ئائىلە تەرتىپىنى بۇزۇش، ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇش، يەرلىك



قانۇن ۋە يەرلىك مەھكىمىلەرنىڭ ئورنىغا خىتاي قانۇنى ۋە خىتاي سوتىنى تىكلەش، قانۇن تىلىنى خىتايچىلاشتۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلىرى خەلقئارا قانۇندا نېمە ئۈچۈن «ئىجتىمائىي قىرغىنچىلىق» دەپ قوبۇل قىلىنمىسۇن؟

## مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى

ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا گېرمانلار يەرلىك خەلقنىڭ ئاخبارات ۋە تاراتقۇلاردا يەرلىك تىلنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن ئىدى. 1940 - يىلى ليۇكسېمبۇرگدا ئوقۇتۇش تىلى نېمىسچىغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە فىرانسۇز تىلى مەنئى قىلىنىپ، پەقەت ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى. مىللىي روھنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قاتتىق كونترول ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، پولشادا مىللىي يادىكارلىقلار ۋەيران قىلىنغان، كۇتۇپخانىلار، ئارخىپلار، مۇزېيلار ۋە سەنئەت سارايلىرى كۆيدۈرۈلگەن ئىدى. 1939 - يىلى پولشادىكى يەھۇدىي ئىلاھىيەت كۇتۇپخانىسىمۇ ئەنە شۇ كۆيدۈرۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ قىلمىشلار خەلقئارادا «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتالماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۈگۈنكىدىنمۇ قاتمۇقات، ئەشەددىي قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا. يەسلىدىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە يەرلىك خەلقنىڭ مائارىپ تىلى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان پۈتۈنلەي خىتايچىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاخبارات ساھەسىدە يەرلىك تىلنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقاتىدىن باشقا ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىش چەكلەندى.



مىللىي روھنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قاتتىق كونتروللۇقتا ئېلىنىدى. ماڭقۇرتلاشمىغان سەنئەتچىلەر لاگېرلارغا قامالدى. شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي يادىكارلىقلار ۋەيران قىلىنىدى. كۇتۇپخانىلار، ئارخىپلار، تارىخى ئاسارە-ئەتىقىلەرۋە سەنئەت سارايلىرى چېقىپ تاشلاندى ياكى كىرىش مەنئى قىلىندى. مەركىزى ئىشخانىسى ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق ئەقىل ئامبىرى ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورگىنى (ASPI) تەرىپىدىن تەييارلانغان دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان مۇھىم دىنىي، تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ (مازار ۋە قەبرىستانلىقلا ئوخشاش) 30%نى چېقىپ تاشلىغان.



ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ۋە ئۆز تارىخلىرىغا ئىگە چىقىشى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت ۋە تېررورلۇقنىڭ ئىپادىسى» دەپ قارالدى. يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى ۋە غەربىدىكى قەشقەر شەھەرلىرىدە تارىخى يادىكارلىقلارنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچىدىكى تارىخىي ساراي، فونتانلار ۋە مەدرىسلەر جايلاشقان كونا مەھەللىلەر ۋەيران قىلىندى. تېخىمۇ مۇھىمى، تۈرك تارىخىنىڭ قىممەتلىك زاتلىرىدىن مەھمۇت قەشقەرى تەربىيەلەنگەن خانلىق مەدرىسىسىمۇ چېقىپ تاشلاندى.

بارلىق مەكتەپلەردىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىش يەتمىگەندەك، يېڭى كەلگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تېببىي دوختۇرخانىسىنىڭ ھويلىسىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر تېببىي ئالىمى غازىبايىنىڭ ھەيكىلى، قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر تېببىي دوختۇرخانىسىنىڭ ھويلىسىغا ئورنىتىلغان، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە تېببىي ئالىمى ھۈسەيىن خان تەجەللىنىڭ ھەيكىلى ۋە ھەتتا تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ يازغۇچىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوپالدىكى ھەيكىلىمۇ چېقىپ تاشلانغان.



خىتاي سادىر قىلغان بۇ ئىنسانىيەتكە خىلاپ قىلمىشلار خەلقئارا قانۇندا نېمە ئۈچۈن «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى»غا مىسال بولالمىسۇن؟

## ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق

بىر خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئورگانلارنى ۋەيران قىلىش

قانداقتۇر پەقەتلا ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ كەينىگە چېكىندۈردۇ. يەنە كېلىپ بىر مىللەتنىڭ نان ۋە گال جېدىلىگە ئىنتىرىلىشى شۇنداقلا تۇرمۇش كويىدىلا بولۇپ كېتىشى، شۇ مىللەتنى ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە دۆلەت ساھەسى بويىچە تەپەككۇر قىلالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ قىلمىش بولۇپمۇ پۇلشالىقلارغا، سىلوۋېنىيەلىكلەرگە ۋە يەھۇدىيلارغا قارىتا ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلانغان ناتسىستلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق پىلانىدا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. مەسىلەن: پۇلشادىكى ئەڭ چوڭ بانكا باشقۇرۇۋېلىنغان ۋە بانكىدا پۇلى بولغانلاردىن پەقەت گېرمان ياكى گېرمانىيەدىن كەلگەنلىكى ئىسپاتلانغان كىشىلەرگىلا پۇل قايتۇرۇشنى يولغا قويغان ئىدى. بۇ ئىش پۇلشادىكى گېرمانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە پۇلشالىقلاردىن كۈچلۈك ھالغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىجرا قىلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەلقئارا قانۇندا «ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتالماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندىمۇ خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ سىستېمىلىق ئىقتىسادىي ئايرىمچىلىقى سەۋەبىدىن كۆچمەن خىتايلار ئىقتىسادىي جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن بولسا، كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان يەرلىك خەلق ئىنتايىن نامرات ۋە ئەقەللىي تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنىمۇ قامدىيالمايدىغان ھالەتتە تۇرماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا خىتايلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ، پۇرسەت باراۋەرلىكىنى يوق قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ



90% ى دېگۈدەك خىتايلاردىن تەشكىل تاپماقتا. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى بولسا 50% تىن ئېشىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلمەكتە. كۆچمەن خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا خالىغان جايدا ئولتۇراقلىشىپ، بانكىنىڭ مەخسۇس قەرزلىرى بىلەن خالىغان ئىگىلىكنى تىكلەش ئىمتىيازى ۋە قولايلىقلىرىغا ئېرىشىۋاتقان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنداق قىلالىشى ئۇچۇن ئېلىش ئىنتايىن قىيىن رۇخسەتلەرنى ۋە بىيۇروكراتىك توسالغۇلارنى پەيدا قىلماقتا.

بولۇپمۇ 1995 - يىلى يولغا قويۇلغان «بارلىق يەرلەر دۆلەتكە تەۋە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بىنا ۋە زىرائەتلەرلا كىشىلەرگە تەۋە» دېيىلگەن يەر-مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتى بىلەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرى تارتىۋېلىندى ۋە بۇ يەرلەر كۆچمەن خىتايلارغا تاپشۇرۇلدى. يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىدە ئەرزان ئىشچىلارغا ئايلاندى. بۇ ئىش خىتايلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يەرلىك خەلقتىن كۈچلۈك ھالغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 2017 - يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ بايلىقى تۈرلۈك ئەيىبلەش ۋە تۆھمەتلەر بىلەن مۇسادىرە قىلىندى. ئۇلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى قولغا ئېلىنىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامالدى.



خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن نابۇت قىلىنىشى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنى تېخىمۇ ئارقىغا چېكىندۇردى. نامراتلىق دۆلەت ئېگىلىكىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىيات قىلالىشىغا توسالغۇ بولۇپ، ئىشغالچى كۈچلەرنىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالەتكە ئايلاندۇرۇلدى. ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ بۇ پىلانلىق قىلمىشلىرىنى نېمە ئۈچۈن خەلقئارا قانۇندا «ئىقتىسادىي قىرغىنچىلىق» دېيىشكە بولمىسۇن؟

## بىيولوگىيەلىك قىرغىنچىلىق

گېرمانلار ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەردىكى ئۆزلىرى بىلەن ئىرقىي مۇناسىۋىتى بولمىغان خەلقلەرنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇ سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىلغان ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مېتود، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ دۆلەتلەردە ياشايدىغان گېرمانلارنىڭ كۆپىيىشىنى تەشۋىق قىلىش بولدى. مەسىلەن: پولشادا ھەر قانداق ئىككى پولشالىقنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن رايوننىڭ گېرمان باشقۇرغۇچىسىدىن رۇخسەت ئېلىشى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرۈلدى. يەرلىك خەلقنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىنى ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئايرىپ، باشقا جايدا ئىشلەشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. بۇ ئايرىمچىلىق سەۋەبىدىن بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بېقىش ۋە ئاسراشقا موھتاج كىچىك بالىلارنىڭ سالامەتلىكى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بۇ قىلمىش خەلقئارا قانۇندا «بىيولوگىيەلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتالدى.

ئىشغالىيەتچى خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىمۇ ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسنى ئازايتىش ئۈچۈن سىستېمىلىق سىياسەت قوللاندى. بۇ سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مېتودلىرى نوپۇسنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك قەتلىئام يۈرگۈزۈش، نەچچە ئون يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان تۇغۇتنى كونترول قىلىش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش قاتارلىقلار بولۇپ كەلمەكتە.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان خىتايلارنىڭ كۆپىيىشىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا. ھەتتا مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇشنى نىشان قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت ئاساسلىق نىشانىنىمۇ ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئايرىپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە ئىشلەشكە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقتا. بولۇپمۇ مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش بەلگىلىمىسى سەۋەبىدىن، ئانىلار ئەجەللىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش بىلەن بىرگە، يەرلىك خەلقنىڭ نوپۇس نىسبىتى تۆۋەنلىمەكتە. مەخپىي تۇغۇلغان ۋە بېقىش يېشىدىكى بالىلارنىڭ يېتىلىشى غەيرى ساغلام ھالغا كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئەھۋال نېمە ئۈچۈن خەلقئارا قانۇندا «بىيولوگىيەلىك قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىسۇن؟

## جىسمانىي قىرغىنچىلىق

ئىشغال قىلىنغان خەلقنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى ياكى يوق قىلىنىشى ئۇزۇۋقلۇقتا ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلىش، ساغلاملىقىنى ۋە ھاياتىنى قوغداشقا كېرەكلىك ئاساسلىق ئېھتىياجلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇش، ئاممىۋى ساغلاملىقتا قەستەن زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىقلار خەلقئارا قانۇندا «جىسمانىي قىرغىنچىلىق» دەپ قارالماقتا.



شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالچى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىلمىشلارنى سادىر قىلغان ۋە قىلماقتا. مەسىلەن: ئىشغالىيەتتىن بەش يىل كېيىن ئىجرا قىلىنىشقا باشلانغان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» ۋە «كوممۇنا» دەپ ئاتىلىدىغان «كوممۇنىزمغا ئۆتۈش» جەريانىدا، «فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش» باھانىسى بىلەن ئالتۇن بىلەزۈك، ھالقا، ئۈزۈك قاتارلىق خۇسۇسىي بۇيۇملاردىن تارتىپ، زىرائەت، يەر، ھايۋاناتلار ۋە يېمەكلىك قاتارلىقلارغا قەدەر ھەممە نەرسىنى مۇسادىرە قىلغان ئىدى. پات-پات ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئۇن ياكى يېمەك-ئىچمەك ساقلىغانلارنى قولغا ئالغان ۋە «فېئودالىزمچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قاتتىق جازالارغا تارتقان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دېھقانچىلىق تولۇق ۋەيران قىلىنغان ۋە شەرقىي تۈركىستان پۈتۈنلەي ئاچارچىلىققا مەھكۇم قىلىنغان ئىدى.

نان تاپقىلى بولمايتتى. ئېلىم-سېتىم ۋە پۇل-مۇئامىلە چەكلەنگەن ئىدى. بېلەت بىلەن تارقىتىلىدىغان ئايلىق يېمەكلىك مىقدارى ئۇن كۈنمۇ يەتمەيتتى (مېنىڭ چوڭ ئانام شۇ چاغلاردا بالىلىرىنى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 150 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيىنى ئۈچ نانغا تېگىشكەن ئىدى). تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1956 - يىلى ئومۇمىي شەھەر نوپۇسى 500 مىڭ ئەتراپىدىكى قەشقەر شەھىرىدە 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا، جازا لاگېرلىرىدا مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەر خىل بىيولوگىيەلىك سىناقلاردا تەجرىبە بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئۇلارغا ھەر كۈنى مەجبۇرىي دورا بېرىلمەكتە ۋە ھەر كۈنى ئۇلاردىن مۇئەييەن مىقداردا قان ئېلىنماقتا. ياشانغان كىشىلەر كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان خىتايچە ناخشىلارنى يادلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن لاگېر مەيدانىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سوغۇقتىن ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە تاشلاپ قويۇلماقتا. بۇ خىل جازالارغا مۇناسىۋەتلىك يۈزلىگەن لاگېر گۇۋاھچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بار. لاگېردىن چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى روھىي جەھەتتە تەڭپۇڭسىز، مېيىپ ياكى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئەھۋالدا چىقماقتا. بۇ لاگېرلاردىن چىققاندىن كېيىن قازاقىستانغا قايتىپ كېلىپمۇ:

«مېنىڭ ئىدىيەم زەھەرلەنگەن ئىدى. تېررورچىلار ۋە رادىكاللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدىم. بۈنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۆز خاھىشىم بىلەن لاگېرغا تاشلاندىم» دېگەندەك مەجبۇرىي يادلىتىلغان جۈملىلەرنى خۇددى يوقاتقان ھالدا توختىماي تەكرارلايدىغان بولۇپ قالغان كىشىلەرمۇ بار.




ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىستېمىلىق ھالدا خەلقئارالىق ئىنسان ئورگانلىرى ئەتكەسچىلىكى بازىرىنىڭ ئەڭ چوڭ «جانلىق ئادەم ئورگىنى مەنبەسى» گە ئايلاندۇرۇلۇشىمۇ ئاللىقاچان خەلقئارا قانۇنلاردىكى «جىسمانىي قىرغىنچىلىق» ئېنىقلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## دىنىي قىرغىنچىلىق

نوپۇسى ئاساسەن كاتولىك بولغان ۋە دىنىنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغان لىيۇكسېمبۇرگدا ناتسىستلار بۇ مىللىي ۋە دىنىي تەسىرنى مائارىپ ساھەسىدە يوقىتىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. 14 ياشتىن يۇقىرى بالىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشىگە يول قويغان ئىدى. تاجاۋۇزچىلار بۇ بالىلارنى ناتسىست تەشكىلاتلىرىغا ئېلىپ كىرىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ قىلمىشلار «ناتسىستلارنىڭ دىنىي قىرغىنچىلىقى» دەپ ئاتالغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئوخشاشلا بۇ ئەھۋال داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە داۋاملاشتۇرۇلماقتا. %99 مۇسۇلمان بولغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانماقتا. بولۇپمۇ مائارىپ ساھەسىدە 5 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان بالىلارنى پۈتۈنلەي ماركسىزم ۋە دارۋىنىزم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەپ، كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پىدائىيلىرىغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنماقتا. شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ھازىر ئىسلامىي ئىبادەتلەر، سىمۋوللار، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر چەكلەنمەكتە. خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارالغان ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاش نىشان قىلىنماقتا. مەسچىتلەر ئۆرۈپ تاشلىنىپ، باشقا نەرسىلەرگە (مەيخانا، رېستوران، ھاجەتخانا، ئۇسۇل كۇلۇبلىرىغا) ئۆزگەرتىلمەكتە.




مەركىزىي ئىشخانىسى ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق ئەقىل ئامبىرى ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورگىنى (ASPI)نىڭ سۈنئىي ھەمراھ كۆرۈنۈشلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەييارلانغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتى 2017 -يىلدىن بۇيان ئىجرا قىلغان بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە 8500 مەسچىت پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنغان. 2017 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا 16 مىڭ مەسچىتنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى رويخەتكە ئالغان. ساق قالغان مەسچىتلەر بولسا قەھۋەخانا، قاۋاقخانا ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانىغا ئايلاندۇرۇلغان. ئۆزگەرتىلمىگەن مەسچىتلەرنىڭ %75 نىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلىنىپ، ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي يوق قىلىنغان. خەلقئارالىق قانۇنلار دائىرىسىدە نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ قىلمىشلار «دىنىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىنمىسۇن؟



## ئەخلاق قىرغىنچىلىقى

ناتسىستلار ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا ئەخلاقنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەرنى باشلىغان ئىدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن يەرلىك خەلقنىڭ ئەقلىي ئېنېرگىيەسى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى چوقۇم باشقا تەرەپكە يۈزلەندۈرۈلۈشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئەخلاق ئېڭىنى ۋە مىللىي ئاڭنى بۇرمىلاش كېرەك ئىدى. بۇ قىلمىش خەلقئارا قانۇندا «ئەخلاق قىرغىنچىلىقى» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئىشغالىيەتچى خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىمۇ ئىشغالىيەتتىن كېيىنلا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مەنىۋى قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويدى. بولۇپمۇ 1980 - يىلدىن بۇيان پىلانلىق ھالدا مەيخانا، قىمارخانا، پاھىشىخانا، كۇلۇب ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى كۆپەيتتى. ئالاھىدە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەشۋىقاتلار بىلەن ھەتتا ئۇيغۇرلارنى تارىختىن بېرى ئۇسسۇلچى، ناخشىچى مىللەت دېگەن تەتۈر تەشۋىقاتنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىستىدى.

2015 - يىلى ئاق تاشلىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان «تېررورلۇق ۋە رادىكاللىقنىڭ 40 ئالامىتى» ناملىق بەلگىلىمىدە، ئىلگىرى ھاراق ئىچكەن، لېكىن كېيىن ھاراق ئىچىشنى تاشلىغان، ئىلگىرى تاماكا چەككەن، لېكىن كېيىن تاماكا چېكىشنى تاشلىغان، ئىلگىرى ئەخلاقى بۇزۇق، لېكىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «تېررورلۇققا ۋە رادىكاللىزمغا مايىللىقى بولغانلا، ئىدېئولوگىيەلىك مېڭە يۇيۇشتىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەكلىك كىشىلەر» دەپ بېكىتىلدى. بۇ ئەھۋاللارنى نېمە ئۈچۈن خەلقئارا قانۇنلاردا «ئەخلاق قىرغىنچىلىقى» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولمىغۇدەك؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئىشخانىسىدىكى خادىملار شۇنچە يىللاردىن بۇيان زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ بوسنىيەدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىدىن كېيىن، بىكارغا كەتكۈزگەن ئون نەچچە يىلغا مەنە قوشۇش ۋە بىكاردىن مائاش ئېلىشنى توختىتىش ئۈچۈن جىددىي ھالدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا يۈزلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ھەممىسى تولۇق ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان، ئۈممەتنىڭ يېتىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى خەلق سەزگۈر ۋە ۋىجدانلىق خەلقئارالىق ئادۋوكاتلارنىڭ، ئورگان ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى كۈتمەكتە.



# كانادا پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى



كانادا پارلامېنتى 22 - فېۋرال خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن.

> گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، كانادا پارلامېنتى 22 - فېۋرال بىلەت تاشلاش ئارقىلىق نۆلگە قارشى 266 ئاۋاز بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تېررور سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتىپ، ئۆكتىچى پارتىيە «كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى» ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى قوللىغان. ترۇدو ۋە ئۇنىڭ كابىنېتى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، بىراق لىبېرال پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى قوللاپ بېلەت تاشلىغان.

پارلامېنت يىغىنىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى مايكىل خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرى ھەققىدىكى ئىسپات، ھۆججەت ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى ئېلان قىلغان دوكلاتلارنى تىلغا ئېلىپ: «بىز ئەمدى بۇ پاكىتقا سەل قارىساق بولمايدۇ، بىز ئۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىشىمىز كېرەك» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ترۇدونىڭ ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ئىچىدە پەقەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مارك گارنوMarc Garneau پارلامېنتتىكى بېلەت تاشلاش يىغىنىغا قاتناشقان. گارنو سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ كانادا ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. كانادا ئۆكتىچى پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ئېرىن ئوتۇلErin O›Toole بېلەت تاشلاشتىن ئىلگىرى سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنى چوقۇم ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىش كېرەكلىكىنى، گەرچە بۇ بىر قىسىم ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشتىن دېرەك بەرسىمۇ، بۇ ئارقىلىق كانادانىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغانلىقىدەك ئېنىق مەيداننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرىدە كۆرسىتىلىشىچە، تىرۇدو باشتىن-ئاخىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان تېررور سىياسىتىگە قارىتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بىر قېتىملىق سۆزىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشى كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.



مەلۇم بولۇشىچە، 22 - فېۋرال كانادا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك بېلەت تاشلاش پائالىيىتىدىن باشقا يەنە، بېلەت تاشلاش ئارقىلىق 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە قارارمۇ ماقۇللانغان بولۇپ، قارارغا ئاساسەن ئەگەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى داۋاملاشتۇرسا، كانادا ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدىن باشقا شەھەرلەرگە يۆتكەش ھەققىدە چاقىرىق قىلىشى كېرەك ئىكەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن مەزكۇر قارارگەرچە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما كانادا ھۆكۈمىتىنى بۇ مەسىلىگە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈشكە قىستىيالىشى مۇمكىن ئىكەن





# تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدى

6 - فېۋرال تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇ، پرېزىدېنت مەسلىھەتچىلىرىدىن ئەھمەد سېلىم كۆرئوغلى، ئايخان ئوغان ۋە زەيتىنبۇرنۇ رايون باشلىقى، زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق خەۋپسىزلىك ئىدارىسى باشلىقى قاتارلىق رەھبەرلەردىن تەشكىللەنگەن رەھبەرلىك ھەيئىتى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدى.

رەھبەرلەرنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقپى رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى ۋەكىلى ئادىل مۇھەممەد قاتارلىقلار كۈتۈۋالدى.

بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ مەقسىتى تۈركىيە-خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيەدىكى سىياسىي دەۋاسىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك جەھەتتە پەيدا بولغان ئەندىشىلىرىگە قارىتا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدىن قەتئىينەزەر، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تۈركىيەنىڭ ھەرۋاقىت ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بولغان.

سۆھبەتتە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە يېقىنقى مەزگىللەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، تۈركىيە-خىتاي ئارىسىدىكى

«جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇش كېلىشىمنامىسى»نىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ ئەپەندى بۇنىڭغا جاۋابەن تۈركىيەنىڭ بۇنداق بىر كېلىشىمنامىنى ھەرگىز ماقۇللىمايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھەيئەت يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ روشەن ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىشى كېرەك ئىشلار ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدەك ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىدىن ئۆز ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە بولغان تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش تەلىپىنىمۇ قوشۇمچە قىلغان:

تۈركىيە -خىتاي ئارىسىدىكى «جىنايەتچىلەرنى قايتۇرۇش كېلىشىمنامىسى»نىڭ ماقۇللانماسلىقى؛

ھەرخىل نامىلاردا نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن كېچىدە باستۇرۇپ تۇتۇش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكى؛

تۇتۇلۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بىگۇناھ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تېزرەك قويۇۋېتىلىشى؛

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشىشى؛

تۈركىيەگە كىرىشى چەكلەنگەن، باشقا دۆلەتلەردە قاپسىلىپ قالغان، پاسپورتى يوقاپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيەگە كېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛

تايلاند ۋە ھىندونېزىيە تۈرمىلىرىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىش؛

تۈركىيەدە كىملىكىگە كود قويۇلۇپ قالغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كودلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛

تۈركىيە گىراژدانلىقىغا تىزىملىتىپ، قوبۇل قىلىش باسقۇچلىرى توختاپ قالغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ رەسمىيەت باسقۇچىنى تېزلىتىش؛



سۆھبەتتە يەنە باشقا كۆنتەرتېپتىكى مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باش مىنىستىر سۇلايمان سويلۇ بەزى تەلەپلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن سۆھبەت جەريانىدا قول ئاستىدىكىلەرگە يوليورۇق بەرگەن. شۇنداقلا 7-فېۋرالدىن باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن چەت ئەلدىكى قاپسىلىپ قالغانلارنىڭ ئۈچۈرى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە ئائىت ھۆججەتلەرنى تەلەپ قىلغان ۋە پات يېقىندا ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

خىتاينىڭ بىۋاستە شىكايىتى ئارقىلىق سوت قارارى بىلەن تۇتۇلۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىدىن بۇ مەسىلىنى جىددىي سۈرۈشتە قىلىدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ھەرقانداق بىر يول بىلەن تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئامانلىقىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتى ئىچكى جەھەتتىن تۈركىيەدىكى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تۈركىيە دۆلىتى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ۋە ئىناۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىك ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خاتىرجەم قىلىش ھېسابلانسا، تاشقى جەھەتتىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى پوزىتسىيەسىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئىستانبۇلدا 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى «5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى» مۇناسىۋىتى بىلەن بۈگۈن ئىستانبۇلدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ فاتىھ رايونىغا جايلاشقان مەركەز يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا تۈركىيەدىكى بىر قىسىم تەشكىلات ۋەكىللىرى، شۇنداقلا ئاكىت قانىلى، قانال 5، ئىلكە خەۋەر ئاگېنتلىقى، ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق تاراتقۇ ئورگانلىرى قاتناشتى.

يىغىنغا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ئالدى بىلەن غۇلجا قىرغىنچىلىقى شېھىتلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئوقۇلغان قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن بايانات ئېلان قىلدى.

ئۇ سۆزىدە 5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، جەريانى ۋە نەتىجىسى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ پاجىئەلىك كۈننىڭ خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ ۋەقە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باش ئەگمەس روھىنى ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پۈتۈنلەي ساختىپەزلىك ئىكەنلىكىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇ سۆزىدە يەنە خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتى ۋە زۇلۇمىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى، باللارنىڭ مەجبۇرىي يىغىۋېلىنىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.



تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن نۇرىددىن ئىزباسار ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «بىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ئەمەسمۇ؟! يەنە قاچانغىچە بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىسىلەر» دېدى.

ئاخىرىدا ئۇ تۈركىيە-خىتاي ئارىسىدىكى «جىنايەتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش كېلىشىمنامىسى» ھەققىدە توختىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن بۇ كېلىشىمنامىنى كۈنتەرتىپتىن قالدۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلىغا چاقىرىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قىز-ئاياللارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى مەسىلىسى بويىچە خىتاي ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ھەقتە خىتايىنى قاتتىق ئەيىبلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنىڭ رەئىسى دۆلەت باھچەلىنىمۇ بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى.

ئارقىدىن خەلقئارا كۆچمەنلەر ھوقۇقى جەمئىيىتى باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزاسى، ئادۋوكات ئىبراھىم ئەرگىن سۆز قىلىپ، خىتايىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز جىنايەتلەرنى دۇنيادىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خەلقئارالىق قانۇن-نىزاملارغا ئاساسەن خىتايىنىڭ جىنايەتلىرىنىڭ سورىقىنى قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

مائارىپ جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان قوشۇمچە قىلىپ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايىنىڭ ئەرزلىرى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنىش ئەھۋالىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، گەرچە كېيىن قويۇپ بېرىلسىمۇ، كىملىكىگە كود قويۇلۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايىنىڭ نىيىتىنى، ئەسلى يۈزىنى تونۇغان ھالدا، بۇ خىل مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندا ئىززەت-ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان قىز-ئاياللار ھەققىدە توختىلىپ: «بىر ئايال، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇم ھەتتا پىرئەۋنىنىمۇ چۆچۈتىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شەرقىي تۈركىستاندا راستىنىلا زۇلۇم بارمۇ، دەپ سوراۋاتقانلارنى دەيدىغىنىم، بىزنىڭ تۈركىيەدە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئۆزىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ ئىسپاتىدۇر» دېدى.

ئۇ يەنە تۈرك-ئىسلام دۇنياسىغا خىتاب قىلىپ: «شەرقىي تۈركىستاندا بىر قېرىندىشىڭىز ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتسا، سىز بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ھەرىكەتكە ئۆتمىسىڭىز، ئەركىن دۇنيادا قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىڭىز قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟!» دەپ تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، خىتايىنىڭ باستۇرۇش، قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىنىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭمۇ قىلچە باش ئەگمەستىن قارشىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ كۈرەشنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى خىتاي تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى باش كاتىپى شەۋكەت ناسىر بۇ ھەقتە توختىلىپ، خىتايىنىڭ بۇ جىنايەتلىرىنىڭ يېقىندىن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئەمەسلىكىنى، نۆۋەتتە خىتاي تولۇق كونتروللۇقى ئاستىدىكى تاراتقۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا دۇنيادىكى، جۈملىدىن تۈركىيەدىكى ھەرقايسى تاراتقۇلارغىمۇ زور دەرىجىدە مەبلەغ سېلىپ، تەسىرىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، تۈركىيە خەلقىنىڭ بۇ مەسىلىگە ھوشيار مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



# بايدىن شى جىنپىڭنى ئەيىبلىدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 7 - فېۋرال CBS قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا شى جىنپىڭنى ئەيىبلەپ: «ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دېموكراتىيەنىڭ ئەسىرى يوق» دەپ سۈپەتلىگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بايدېن ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان كەلگۈسىدىكى مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ: «مەن ئارىمىزدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى تەكىتلەپ كەلدىم، ئەمما ئارىمىزدا قاتتىق رىقابەت بولىدۇ» دېگەن.

بايدېن يەنە شى جىنپىڭنى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولغان مەزگىلىدە تونۇغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «شى جىنپىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە قاتتىق قول. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دېموكراتىيەنىڭ ئەسىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ تەنقىد ئەمەس، بەلكى رېئاللىق» دېگەن.

بايدېن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ خەلقئارا قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئاساستا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# ياپونىيەنىڭ 12 شىركىتى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى



ياپونىيە كيودو ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ياپونىيەنىڭ 12 شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىلغان خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى توختىتىشنى پىلانلىغان.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى (ASPI) بۇلتۇر شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىپ، دۇنيادىكى 80 نەچچە شىركەتنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك نەپ ئالغانلىقىنى ئاشكارىلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە 14 ياپونىيە شىركىتىمۇ ئورۇن ئالغان ئىدى.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر دوكلاتتا ئېلان قىلىنغان 14 ياپونىيە شىركىتى ئىچىدىكى سونىي (Sony)، توشىبا (Toshiba) قاتارلىق 12 شىركەت ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرى بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىمىنى بىكار قىلىشنى پىلانلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە توشىبا شىركىتى ئالاقىدار خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بولغان توختامنى يىل ئاخىرىدا بىكار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن

SONY

FAST RETAILING

TOSHIBA

HITACHI

MUJI

# تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن:

## جازا لاگېرىدا ئاياللار سىستېمىلىق ئاياغ ئاستى قىلىندۇ



ب ب س خەۋەرلىرى تورى 2 - فېۋرال شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا ئالاقىدار زور ھەجىملىك خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، قىز-ئاياللار دۇچ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر شاھىتلارنىڭ يېڭى گۇۋاھلىقى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.




خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدا توققۇز ئاي قامالغان تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇن ب ب س مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاينىڭ جازا لاگېرىدىكى قىز-ئاياللارنى سىستېمىلىق ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سەۋەبسىز لاگېرغا سولاش، تۈرلۈك قىيىن-قىستاققا ئېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

> تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننىڭ ئاشكارىلىشىچە، ۋىرۇس تارقالمىغان مەزگىللەردىمۇ لاگېردىكى كامېرغا دائىم ماسكا تاقىغان، پۇقراچە كىيىم كىيگەن خىتايلار يېرىم كېچىدە كىرىپ، ئۆزى خالىغان ئاياللارنى تاللاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇلار خىتايلار تەرىپىدىن خالىغانچە، ھەتتا نۆۋەتلىشىپ ئاياغ-ئاستى قىلىنىدىكەن. بۇلاردىن سىرت قىز-ئاياللار داۋاملىق قىيىن-قىستاققا، خورلاشقا ئۇچرايدىكەن.

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ساقچىلار كامېردىكى ئاياللارنى قاتتىق كۆزىتىدىغان بولۇپ، كۆز ئالدىدا ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان ئاياللارغا ئىچ ئاغرىتقان، غەزەپلەنگەن چىراي ئىپادىسىدە بولغانلارمۇ قاتتىق جازالىنىدىكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان ئاياللار بۇ خورلۇقلارغا چىدىماي ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان.

جازا لاگېرلىرىدىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قۇتۇلۇپ چىققان باشقا ئاياللارمۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا، تاراتقۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تۇپلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش، جىنسىي پاراكەندىچىلىك قىلىش قاتارلىق خورلۇقلارغا، تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ ئىلگىرى قازاقىستاندا تۇرغان مەزگىللەردە، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ۋە شاھىت بولغان خورلۇقلارنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش، قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ئاشكارىلاشتىن ئېھتىيات قىلغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى 3 - فېۋرال ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، جازا لاگېرلىرىدىكى باسقۇنچىلىق قىلمىشلىرىغا قارىتا: «بىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا باسقۇنچىلىق ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن، جۈملىدىن بىرىنچى قول گۇۋاھلىق سۆزلىرىدىن چوڭقۇر ئەندىشە قىلىمىز» دېگەن.



# دەۋادىكى چىقىش يولىمىز نەدە؟



شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن مۇقەددەس بۈرچ ھېسابلىنىدىغان، پەرز ئەين دەرىجىسىدىكى بىر دەۋادۇر، قېرى-ياش، ئەر-ئايال، ھەتتا ئەقلىنى تېپىپ قالغان ھەربىر بالىغىچە! مەيلى ئېتىراپ قىلايلى، قىلمايلى. مەيلى ۋەتەن دەۋاسىنى قىلىش ئىدىيەمىزدىن ئۆتكەن بولسۇن، بولمىسۇن، ياكى ھازىرغىچە «بىزگە ۋەتەن دەۋاسى ئەمەس، ئۇممەت دەۋاسى راۋا بولىدۇ» دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى داۋاملاشتۇرايلى، بىراق ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ياشاۋاتقىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان بىر مۇسۇلمان دۆلىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش، يىلتىز تارتىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ئىززەت-شەرىپىنى قوغداش قانداق پەرز ئەين بولسا، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ياشاشنى چەكلەپلا قالماستىن، ھەتتا ئاللاھ ياراتقان جانلىقلارغا زۇلۇم قىلماسلىقتىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى ئاياغ ئاستى قىلغان زالىم قارا كاپىرغا قارشى ئاۋاز چىقىرىش ھەر بىر مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ بۇرچى. ناۋادا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى ئىسلام دىنىدىن ئايرىپ داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلار بار دېگەندىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا دەپسەندە بولۇۋاتقان ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلار ئۈچۈن ئىنسانلىق دەۋاسى قىلىشى ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن بۇرچتۇر. شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ يۈز نەچچە يىلدىن بېرى قانداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىزدىنىپ كېلىۋاتقانلار ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ھەم بىلىشكە تېگىشلىك. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كۈنتەرتىپكە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا تىلى، ئىرقى ۋە مەدەنىيىتىدىن تارتىپ ھەممە نەرسىسى ئوخشىمىغان دۆلەتلەر، خەلقلەر، ۋە شەخسلەر كۆڭۈل بۆلۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان، بۇ ئىزدىنىشلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن بىر چارە، بىر يول بولۇپ قالغۇسى... دەيدىغان ئۈمىدتە تىرىشىۋاتقان يەردە، بۇ زۇلۇمنىڭ بىۋاستە زىيانغا ئۇچرىغۇچىلىرى بولغان بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ھەققىدە



تېخىمۇ چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز،چۈشەنچىمىز ئېنىق، يولىمىز تۈز ۋە تەدبىرىمىز پۇختا، نىشانىمىزغا يېتىش چارىلىرىمىز ئۈنۈملۈك بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. دىكتاتورلۇق تۈزۈم ۋە ئېغىر بېسىم ئاستىدا ياشاپ كۆنگەن كىشىلەردە شەكىللەنگەن روھىي جەھەتتىكى تورغۇنلۇق، سىياسەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تېيىزلىقى، دەۋا ئۇسۇلغا بولغان بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ ئازلىقى، كۆپىنچە كىشىلەردىكى گۇڭگا بولغان تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئەسلى يۈزىنى كۆرەلمەسلىكتىكى ساددىلىق يۈزدە يۈز ھەقلىق بولغان ھەق دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن تېز ۋە كۈچلۈك دەۋا شامىلى يەلتىزى يوق قامغاقنى دومىلاتقىنىدەك دومىلاتماقتا، تېخىرقاش ئىچىگە تاشلاپ قويماقتا. ئەلۋەتتە يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن قارىغاندا، خەلقىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى 2014 - يىلىدىن باشلانغان، كۈچلۈك تەسىرى 2016 - يىلىدىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان جازا لاگېرى ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئۇرۇلغان دۇمباق ئويغاتقاندەك چۆچۈپ ئويغىتىۋەتتى. خۇددى مەست قىلىش دورىسى يەۋالغاندەك گۇمۇش ھالدا زۇلۇمنىڭ پەرقىنى بىلەلمەي ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر، يۈيۈلغان مېڭىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ بىر پارچىسى، دېگەن قاراشنى ياقىلايدىغانلار، خىتاي بىلەن بولغان سودىلاردا پايدا ئېلىپ ياشاپ كېلىۋاتقانلار، خىتاينىڭ تۆمۈر تاۋۇقىدىن كەلگەن ئازراق نەپ بىلەن خىتاي رېجىمىنى پاسىبان بىلىپ كەلگەنلەر خىتاينىڭ ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسى جازا لاگېرى ئارقىلىق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ھەقىقىي تاجاۋۇزچى، جاللات، قىرغىنچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشى بەكلا قىيىنغا توختىغان بولدى. ئاتا ئانا،بالا-چاقىلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ لاگېرلارغا قامىلىشى، نەچچە يىل كېسىلىپ سولىنىشى، ئىز-دېرەكسىز يوقىلىشى، لاگېردىن چىققاندىن كېيىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەلمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، خىتاي ئۆلكىلىرىگە قۇل ئورنىدا ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلار، ئىچكى ئەزالىرى سېتىلىپ كېتىۋاتقانلار، خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ۋە دارىلئېيتامدىكى بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسى لاگېر شاھىتلىرى ۋە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرلاردىن ئاشكارا بولغاندىن كېيىن بىردىنلا ئاسمان قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ۋەۋەتەندىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىردىنلا مەيدانغا سەكرىگەن نۇرغۇن



يېڭى-يېڭى يۈزلەر، ئىنچىكە-توم ئاۋازلار بەس-بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن مەنتىقلىق بىلىنگەن بىر يولنى دەۋانىڭ بىردىنبىر يولى دەپ بىلىدىغان ياكى سۆزى، تەقى-تۇرقى، يولى ئۆزىنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كۆرۈنگەننى بۇ دەۋانىڭ يولباشچىسى دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى. ۋەتەننىڭ سىرتىدىكى دەۋانىڭ نەدە، قاچان، قانداق ۋە كىملەر تەرىپىدىن باشلانغانلىقىنى، قانداق داۋانلاردىن ئاشقانلىقىنى، قانداق ئېقىنلاردىن كەچكەنلىكىنى بىلمىگەن، دەۋانىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن خەۋىرى بولمىغان، دەۋا يولىدىكى قار-يامغۇرنى، شىۋىرغاننى، قەھرىتان قىشى ۋە تومۇز ئىسسىقىنى كۆرمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر مەنتىقلىق چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئورنىغا، ھېسسىي تۇيغۇدا ھەرىكەت قىلىغان ياكى شۇنداقلارغا ئەگىشىشنى چىقىش يولى دەپ قاراپ قالغان ئەھۋاللارمۇ دەۋانىڭ ساغلام ئىلگىرىلىشىگە خېلىلا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ دەۋا بىرەر يىللىق ياكى بىر نەچچە يىللىق دەۋا ئەمەس، بۇ زۇلۇم تۇنۇگۈن ياكى بۈگۈن باشلانغان زۇلۇم ھەم ئەمەس. بۇنىڭدىن بۇرۇن دەۋا يولىدا ماڭغانلارنىڭ، دەۋاغا يېتەكچىلىك قىلغانلارنىڭ ھەممىسى دەۋاغا ھەسسىسى بولمىغان ياكى بەك ئاز بولغان ئىنسانلارمۇ ئەمەس، شۇنداقلا پەقەت خاتالىشىپ باقمىغان، تەجرىبىسىزلىكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغانلارمۇ ئەمەس. بۇ دەۋا نامايىشلار ئارقىلىق كوچىلاردا يىلتىز تارتىش، شوئارلار ئارقىلىق يەر-زېمىننى تىترىتىش، گېزىت-ژۇرناللاردا، تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا باش خەۋەر بولۇش، دەبدەبىلىك نۇتۇق ۋە پارلامېنتلاردا تىلغا ئېلىنىش، ئىمزا قويۇپ، ئاۋاز توپلاپ بېسىمغا ئۇچرىتىش قاتارلىق جەريانلار بىلەنلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتلەردىكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىگە باغلىق. بۇ سەۋەبتىن بىر ياقتىن كۆنتەرتىپتىكى دەۋا كارۋىنىنىڭ ساغلام قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ساغلام ئەقىل، ساغلام پىكىر ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىمىز، بۈگۈنىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ئۈچۈن جىددىي ھالدا ئۆزىمىزنى تەربىيەلىشىمىز، ساغلام قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» دېگەن ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. مەيلى بىز ئاۋازىمىزنى يەرشارىدىن ھالقىتىپ، ئاي شارىغا قەدەر يەتكۈزەيلى، لېكىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچى يەنىلا ئۆزىمىزدە.

*مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر*

2021 - يىلى 27 - فېۋرال، ئىستانبۇل




concentration
camps
ھەق-ھوقۇق يوق يەردە، ئولىمپىكمۇ يوق.
خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىنى
بايقۇت قىلايلى!
ISTIQLAL MEDIA

# مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/3249
http://istiqlalhaber.com/page/news/3355
http://istiqlalhaber.com/page/news/3365
http://istiqlalhaber.com/page/news/3275?fbclid
https://turkistantimes.com/ar/news-14260.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/3270
http://istiqlalhaber.com/page/news/3354
https://turkistantimes.com/ug/news-14254.html

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **ئىرشات سەرھان** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.turkistanmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**